# تۈركىيەدە ئوقۇش پۇرستى

## تۈركىيە ھۆكۈمىتى دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تۈركىيەدە ئوقۇش پۇرستى توغرىسىدا

تۈركىيە ھۆكۈمىتى 1992-يىلىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، بالقان، ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا، رۇسىيە فېدىراتسىيىسى ۋە ياۋرۇپا قاتارلىق رايۇن ۋە دۆلەتلەردىكى تۈرك ۋە قېرىنداش خەلقلەرنىڭ  ئوقۇغۇچىللىرىغا تۈركىيەدە ئوقۇش ئىمكانى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، كەلگۈسىدە تۈركىيە بىلەن بۇ رايۇن ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆپ تەرەپلىك مائارىپ ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇپ، ئىزچىل ئورۇنلاپ كەلمەكتە.
بۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى تۈركىيە ئالىي مائارىپ كومىتىتى تور بېتىنى زىيارەت قىلىپ بىلەلەيسىز.

**(YÖK=Yüksek Öğretim Kurulu)**

1) http://www.yok.gov.tr/
2) http://www.yok.gov.tr/yabanci/turki.htm
3) http://www.yok.gov.tr/yabanci/ikili_kulturel.htm

تۈركىيەدىكى بۇ ئوقۇشقا جۇڭگۇدىكى ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ياكى تاتار ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىلتىماس قىلالايدۇ.
بۇ ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىشنىڭ ئېنىق تەلەپلىرى تۆۋەندىكىدەك:

### 1.كىشىلىكى (ئەخلاقى-پەزىلىتى)

تۈركىيەدە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغان ئوقۇغۇچى چوقۇم ئەخلاقى ، ئەقلى ، جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلگەن ، تىرىشچان، غايىلىك ۋە توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە ، ئۆز مىللىتىنى ۋە ئۇيغۇر دىيارىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ياكى تاتار ياشلىرىدىن بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2.كىملىكتە ئۇيغۇر ،ئۆزبەك ياكى تاتار

سالاھىيەت كىملىكى بۆلىشى ۋە سالاھىيەت كىملىكىدە مىللىتى چوقۇم ئۇيغۇر ،ئۆزبەك ياكى تاتار دەپ ئېنىق بۆلىشى كىرەك.
قازاق، قىرغىز ۋە باشقا قېرىنداش تۈركلەرنى تۈركىيە ھۆكۈمتى ئوتتۇرا ئاسىيا، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق رايۇنلىرىدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىدۇ.

## 3.پاسپورت

پاسپورت بىجىرگەن بۆلىشى كىرەك. ئەگەر پاسپورت بىجىرمىگەن بولسا، ئاۋۋال ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇپ، 3-ئايدىن بۇرۇن بىجىرىپ بۆلۈپ ئەۋەتىسمۇ بۆلىدۇ.
ئالىي مەكتەپ تۆلۈق كۇرستا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى 22 دىن، ماگىستىرلىقتا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى 28 دىن ، دوكتۇرلۇقتا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 34 دىن ئاشمىغان بۆلىشى كىرەك.

## مەسلىھەت:

ئىچكىردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ ئاسان پاسپورت ئېلىش ئىمكانىغا ئىگە. پاسپورت ئېلىش ھەربىر پۇخرانىڭ قانۇنى ھوقۇقى، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن پاسپورت ئېلىۋېلىش ناھايىتى پايدىلىق. تەكلىپنامە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئاۋۋال سىناپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. تەكلىپنامە تەلەپ قىلىپ، پەقەت ئامال بولمىسا، تۈركىيەدىكى بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ تىل بۆلۈمىدىن تەكلىپنامە ئېلىشقا توغرا كىلىدۇ. مەكتەپلەر بۇ تەكلىپنامىغا تەخمىنەن 70 دوللار تەلەپ قىلىدۇ.

## 4.ئىلتىماس جەدۋىلى

تۆۋەندىكى ئىلتىماس جەدۋىلىنى بېسىپ چىقىرىپ، ئۇنى ئىنگلىزتىلىدا تولدۇرۇڭ. ئۆزىڭىزنىڭ ۋە ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئىمزاسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا

**قويۇشقا بۇلىدۇ. تەييار بولغان خەدىۋەلنى سكەن(ساۋمىياۋ) قىلىپ، قالغان ماترىياللار بىلەن تۆۋەندىكى ئۇسۇل بۇيۇنچە بىرگە ئەۋەرتىپ بېرىڭ.**

ئىلتىماس جەدىۋېلى [PDF]- سول تەرەپتىكى كېستىنى چەكسىڭىز ئېچىلىدۇ.

## 5.ئوقۇش نەتىجىسى، سەۋىيە كېنىشكىسى ۋە دىپلۇملار
## تۇلۇق كۇرستا ئوقۇش ئۇچۇن:

**1) ئالىي مەكتەپ تۇلۇق كۇرستا ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى، خەنزۇتىلى سەۋىيە ئىمتىھانىدا 5-دەرىجە كىنىشكىسى ۋە تۇلۇق ئوتتۇرا دىپلۇمى كۆپەيتىلمە نۇسخىسى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بۇلىشى كېرەك.**

**2) ئالىي مەكتەپ نەتىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ،تۇلۇق كۇرس 2-تۇركۇم نومۇر سىزىقىدىن يۇقىرى بۇلىشى كېرەك.ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەرنىڭ ئىلتىماسى قۇبۇل قىلىنمايدۇ. ئالىي مەكتەپ نەتىجىسى قۇبۇل قىلىش ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتىدۇر.**
**تۈركىيەدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسى بەش (4+1) يىللىق بۇلۇپ، قۇبۇل قىلىنغان ئۇقۇغۇچىلار بىر يىللىق تۈرك تىلى تەييارلىق باسقۇچىنى تۈگەتكەندىن كيىن، تۈركىيەنىڭ ھەرقايىسى مەكتەپلىرىگە نەتىجىسى ۋە ئارزۇسىغا قاراپ قۇبۇل قىلىنىدۇ.**

## ماگىستىرلىق(ئاسپىرانتلىق)تا ئۇقۇش ئۇچۇن:

**1) ئالىي مەكتەپ تۇلۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈش دىپلۇمى ۋە دۆلەت بىر تۇتاش تارقاتقان ئۇنۋان كىنىشكىسى كۆپەيتىمىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىللىرى بۇلۇشى كېرەك.**
**ھازىر ئالىي مەكتەپ 4-يىللىقىدا ئوقۇۋېتىپ ئىلتىماس قىلىدىغانلار دىپلۇم بىلەن ئۇنۋانىنى 7-ئايدىن بۇرۇن ئەۋەرتىپ بەرگەندىن كيىن ئىلتىماس ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.**

**2) ئالى مەكتەپ ئۇقۇش جەريانىدىكى پۈتۈن دەرسلەرنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بۇلۇشى كېرەك. ئەگەر شۇ**

ئوقۇش يىلى پۈتتۈرمەكچى بولسا ئۈچ يېرىم يىللىق ئوقۇش نەتىجىلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرىشى كىرەك. بۇ ئەڭ مۇھىم، چۈنكى ئوقۇغۇچىنىڭ تاللىنىش - تاللىنالماسلىقى دەرس نەتىجىسىنىڭ قانداق بۇلۇشىغا، ئوقۇغان مەكتىپكە ئالاھىدە باغلىق.

3) دۆلەت بىر تۈتاش ئالغان ئالي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى 4- دەرىجە كىنىشكىسى بۇلۇشى كىرەك.

4) دۆلەت بىر تۈتاش ئالغان كومپيۇتېر 2- دەرىجە كىنىشكىسى بۇلۇشى كىرەك.
(بۇ سەۋيە كىنىشكىلەرنىڭ بۇلىشى مۇتلەق بىردىن- بىر زۆرۈر شەرت ئەمەس، ئەمما ئىنگلىزچە ۋە كومپيوتېر سەۋيە كىنىشكىللىرى ئالالغانلار ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.)
تۈركىيەدە ماگىستىرلىق ئوقۇشى ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە . قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار بىر يىللىق تۈركچە تەييارلىقنى تۈگەتكەندىن كيىن، تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلىرگە نەتىجىسى ۋە ئارزۇسىغا قاراپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

## دوكتۇرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن :

1)ماگىستىرلىقنى (ئاسپىرانتلىقنى) پۈتتۈرگەن، دوكتۇرلۇقتا ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماگىستىرلىق دىپلۇمى ۋە ئۇنۋانى (ئىنگلىزچە تەرجىمسى قوشۇپ ئەۋەتىلىدۇ) بۇلىشى كىرەك.

2)ماگىستىرلىق ئوقۇشىدىكى دەرس نەتىجىسى (ئىنگلىزچە تەرجىمسى قوشۇپ ئەۋەتىلىدۇ) بولىشى كىرەك. ئەگەر بۇ ئوقۇش يىلى پۈتتۈرمەكچى بولسا دىپلۇمنى ۋە ئۇنۋان گۇۋاھنامىسنى 7-ئايدىن بۇرۇن تىزدىن ئەۋەتىپ بىرىشى كىرەك.

3)دۆلەت بىر تۈتاش ئالغان ئالى مەكتەپ ئىنگلىزچىدىن 4- دەرىجە ياكى 6-دەرىجە سەۋيە كىنىشكىسى بۇلىشى كىرەك.

4)دۆلەت بىر تۇتاش ئالغان كومپيۇتېر 2- دەرىجە كىنىشكىسى بۇلىشى كېرەك.
(بۇ سەۋىيە كىنىشكىلەرنىڭ بۇلىشى مۇتلەق بىردىن- بىر زۆرۈر شەرت ئەمەس، ئەمما ئىنگلىزچە ۋە كومپيوتېر سەۋىيە كىنىشكىللىرى ئالالغانلار ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.)

تۈركىيەدە دوكتۇرلۇق ئوقۇشى تۆت يىلدىن ئالتە يىلغىچە. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار بىر يىللىق تۈرك تىلى تەييارلىق باسقۇچىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلىرىگە نەتىجىسى ۋە ئارزۇسىغا قاراپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

## ئەسكەرتىش:

دىپلوم ۋە سەۋىيە كىنىشكىلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار ئورگان ۋە تور بەتلىرىدىن تەكشۈرۈلۈپ راس يالغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا يالغانچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## 6. ئۆز-ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئىلتىماس خەتلىرى

1)بىر پارچە ئۆز-ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ يازغان تونۇشتۇرۇش خېتى.

2) بىر پارچە تۈركىيەگە كېلىپ ئوقۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنامە بولىشى كېرەك.

ئىلتىماسنامە ۋە ئۆزىنى ، ئائىلىسىنى تونۇشتۇرۇش خەتلىرى كومپيوتېردا ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا تەپسىلى ۋە رەتلىك يېزىلىشى ھەم ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنىشى شەرت.
ئۆز-ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئىلتىماسنامىلەرنى چوقۇم ئۆزى ئەتراپلىق ئويلىنىپ مۇستەقىل يېزىشى ۋە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىشى كېرەك.
ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنمىغان تونۇشتۇرۇشنامە ۋە ئىلتىماسنامە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## 6. ئۇقۇتقۇچى ۋە كەسىپ ئەھلىنىڭ تەۋسىيەنامىسى

Recommendation Letters

ۋەتەندە تولۇق كۇرۇسنى ۋە ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرگەن ۋە پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزىگە دەرس بەرگەن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ (ئۇقۇتقۇچى ئۇيغۇر بولسا، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە، ئوقۇتقۇچى خەنزۇ بولسا، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە) يېزىپ بەرگەن تەۋسىيەنامىسى ۋە ئۆزىنى ئوبدان بىلىدىغان ئۆز كەسپىگە ئالاقىدار ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى بىر ئۇيغۇر كەسىپ ئەھلىنىڭ ئۇيغۇرچە يازغان تەۋسىيەنامىسى بولۇشى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۆزىگە تەۋسىيەنامە يېزىپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئىككى شەخسىنىڭ ئالاقىلىشىش پوچتا ئادرىسى، ئېلخەت ئادرىسى ۋە تېلفون نومۇرىنى قوشۇپ ئەۋەرتىپ بېرىشى كىرەك. بۇ ئۇقۇشقا ئىلتىماس قىلغانلار كۆپ، رىقابەت كۈچلۈك بولۇپ كەتكەندە، بۇ تەۋسىيەنامىلەرگە ئالاھىدە قارىلىپ تاللاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تەلەپلەر يۇقىرقىدەك، بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلارنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن، ئەمما ئىلتىماس قىلىپ سىناپ باقسا بۇلىدۇ. باھالاشتىن ئۆتۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.
بارلىق ماتىرىياللارنى چوقۇم ئىنتايىن ئەستايىدىل تەييارلاش تاللىنىشقا تۈلىمۇ پايدىلىق بۇلىشى مۇمكىن، شۇڭا سەل قارىماڭ.

### ئالاقە ۋە مەسلىھەتتە : دوكتۇر ئەركىن سىدىق ۋە يالقۇن تاش

ئەركىن سىدىق ۋە يالقۇن تاش بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن، سىز تۆۋەندىكى ئىككى ئېلخەت ساندۇقىغا تەڭلا خەت يېزىڭ، بارلىق ماتىرىياللارنى بىراقلا ئەۋەتىپ بىرىڭ.
ئەركىن سىدىق بەك ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن، بەك زۆرۈر بولمىغان ئىشلاردا يالقۇن تاشتىن مەسلىھەت ۋە يول-يۇرۇق سورىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمىز.


ئەركىن سىدىق

ErkinSidiq@gmail.com

www.meripet.com

يالقۇن تاش

ilimizde@yahoo.com

## ماتىريال ئەۋەتىش ئۇسۇلى:

يۇقىرىدىكى تەلەپ قىلىنغان بارلىق ماتىرىياللارنى سكەنىېر(ساۋمىياۋ) قىلىپ، رەت تەرتىپ بويىۇنچە ئىسىم (مەسىلەن: پاسپورت، كىملىك، دىپلوم، ئۇنۋان، دەرىجە كىنىشكە، ئىلتىماسنامە، ئۆز تونۇشتۇرۇشى، ئائىلە تونۇشتۇرۇشى، تەۋسىيەنامە، ئاتا-ئانا ماقۇللىقى، ئادرىس ۋە رەسىم... دىگەندەك ئېنىق ئات) قويۇپ، يۇقىرىقى ئېلخەت ساندۇقىغا يوللاپ بىرىڭ.
يېزىق شەكلىنى تۇنىماسلىقتىن كىلىپ چىققان ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۇچۇن، بارلىق  كومپيۇتېردا يېزىلغان ماتىياللارنى پ د ف (ئاكروبات) ھۆججەت ياكى رەسىم شەكلىدە ئەۋەتىپ بىرىڭ.
ئۇنداق قىلمىغاندا قالايمىقانچىلىق كىلىپ چىقىپ،ئۆزىڭىز زىيان تارتىشىڭىز مۇمكىن. يېزىشقا تىگىشلىكلەرنى ئەڭ ياخشىسى كومپيۇتېردا يېزىشنى ئۈمۈت قىلىمىز. بارلىق ماتىرىياللارنى تولۇق تەييارلاپ بولغاندىن كيىن، بىر كۈننىڭ ئىچىدە تولۇق ئەۋەرتىپ بىرىڭ.
شەرتى توشقانلارغا كيىنكى قەدەمدە نىملەرنى قىلىش كىرەكلىكى توغرىسىدا ئېنىق يول كۆرستىمىز.
ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، بۇ يولنى مېڭىپ بىرىمەن دىگۇچىلەرگە پۇل بەرسىڭىز،سىز پۇتۇنلەي ئالدانغان بولىسىز. شۇڭا ئالدى بىلەن ئامرىكىدىكى ئەركىن سىدىق ۋە يالقۇن تاش بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز،ئۇلار سىزنىڭ ماتىرىياللىرىڭىزنى كۆرۈپ،رەسمى لاياقەتلىك ئىكەنلىكىڭىزگە ھۆكۈم قىلغاندىن كيىن، سىزنىڭ ماتىرىياللىرىڭىزنى تۈركىيەدىكى بۇ ئۇقۇشقا مەسئۇل بولغان ئالاقىدار ئورگانلارغا ئەۋەرتىپ، سىزنىڭ تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇشىڭىزغا ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئىلتىماس قوبۇل قىلىش مەزگىلى:

تۈركىيەدىكى ئۇقۇشقا ئىلتىماس قىلىش ۋاقتى ھەر يىل 11-ئايدىن باشلاپ كيىنكى يىلى 6-ئايغىچە داۋاملىشىدۇ.
جەمئىي 7 ئاي مۆھلەت بىرىلگەن، ئەمما ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ لاياقەتلىك بولغانلىرى بەلگىلىك سانغا يەتكەندە كاندىدات تاللاش ئالدىن ئاخىرلىششىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئىمكان بار بۇرۇنراق ئىلتىماس قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. قانچىكى بالدۇر ئىلتىماس قىلسىڭىز،تاللىنىش ئېھتىمالىڭىزمۇ شۇنچە يۇقۇرى بولىشى مۇمكىن.

## قوشۇمچە ئۇچۇرلار

تۈركىيە هازىر ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش ئۈچۈن تىز ئىسلاھات قىلىۋاتىدۇ.
تۈركىيە ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ سىياسىي،ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
مۇناسىۋەتلىرىدە كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتە تىز ئۆزگىرىۋاتىدۇ.
تۈركىيە ھۆكۈمىتى ھەر يىلى يۇقىرىقى رايون ۋە دۆلەتلەردىكى تۈرك ۋە
قېرىنداش خەلقلەردىن نەچچە مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ.
بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ۋە تاتارلارغىمۇ مەلۇم ساندا ئوقۇش
ئىمكانىيىتى بېرىلگەن. شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ!

## ئوقۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

قوبۇل قىلىنغان بارلىق ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ۋە تاتار ئوقۇغۇچىلار ئىستانبۇل
ياكى ئەنقەرەدە بىر يىل تۈركچىسى ئۆگىنىدۇ.

بىر يىللىق تۈركچە ئوقۇش ۋە تولۇق كۇرس،ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق
ئوقۇشىدا تۈركىيە دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىش ئىمكانىغا
ئېرىشەلەيدۇ. ئوقۇش پۇلى،ياتاق پۇلى تۆلىمەيدۇ.

## تۈركچە تەييارلىق ئاخىردىكى رەسمى ئوقۇشقا كىرىشتە زۆرۈر ئىمتىھانلار:

## ئالى مەكتەپ تولۇق كۇرسى ئۈچۈن:

**چەتئەللىكلەر ئۈچۈن تۈركىيە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى**
**(تۈركچىسى- يابانجى ئۆرەنجىلەر سەچمە سىناۋى = يۆس)**
بۇ ئىمتىھاندا ماتېماتىكا،تۈركچە،فىزىكا،خىمىيە ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق
پەنلەر بار.

## ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقنى داۋاملىق ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇش ئۈچۈن:

TOEFL, GRE, GMAT ئىمتىھان نەتىجىلىرى كۆچكە ئىگە.

ئەگەر بۇ ئىمتىھان نەتىجىللىرى بولمىسا، تۈركىيە ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇق ئىمتىھانى (تۈركچىسى- لىسانس ئۈستۈ ئېيتىم سىناۋى = لېس) (بۇ ئىمتىھان ماتىماتىكا ۋە تۈركچىدىن ئېلىنىدۇ،قىينىلىق دەرجىسى خېلىلا يۇقىرى، ئەمما يىتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە يەنىلا يۇقىرى نۇمۇر ئالغىلى بۇلىدۇ.)

ھەر قايىسى مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلىرى ئالغان ئىنگلىزچە يىتەرلىك ئىمتىھانى (تەخمىنەن توئفۇل 550 نۇمۇر سەۋىيەسىدە).
ئوقۇغۇچى رەسمى ماگىستىرلىق ياكى دوكتۇرلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كيىن دانىشمەن(يىتەكچى ئوقۇتقۇچى) ئۆزى كەسپى ئىمتىھان ئېلىش ئالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە كەسپى نەتىجسى بەك تۆۋەن بولمىسا ئىمتىھان ئالمايدۇ.

## تۈركىيە دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتى ئۈچۈن:

تولۇق كورس،ماگىستىرلىق ۋە دوكتۇرلۇقتا ئوقۇشتا تۈركىيە دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئىرىشىش ئۈچۈن،
1- يىلدىن باشلاپ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تولۇق كورس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن 120 دوللار، ماگىستىر ۋە دوكتۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن 145 دوللار ئەتراپىدا بولىدۇ.
(تۈركىيەلىك ئوقۇغۇچىلار بۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمان بولالمايدۇ،پەقەت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن رايون ۋە دۆلەتلەردىن كەلگەن تۈرك ۋە قېرىنداش خەلقلەر ئوقۇغۇچىللىرىغىلا بۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىرىلىدۇ.).
ئىككىنچى يىلى ئىستانبۇلدىكى ئالى مەكتەپلەرگە ئۆتەلىسىڭىز، تۈركىيە ھۆكۈمىتى دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتىدىن باشقا، باشقا ئورگان ۋە فوندى جەمىيەتلىرىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشەلەيسىز. ئىستانبۇل شەھەر ئىچى كوچا ئاپتۇزى، تراموۋاي ، مەترولار ئۈچۈن، ھەقسىز يۈرۈش قاتناش كارتى ئالالايسىز، بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچى يول كىراسىغا پۇل خەجلىمەيسىز.
2- ئەمما ئىستانبۇلدىن باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتسىڭىز، يىلىدىن باشلاپ، تۈركىيە دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتىدىن باشقا ياردەم پۇلى ئالماق خىللا قيىن.

تۈركچە ۋە ئالاقدار ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمىگەنلەر تۈركىيە دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ۋە ئوقۇش ئىمكانىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

## ئەسكەرتىش :

1.تۈركىيەدە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتى 150-250 دوللار ئەراپىدا، شۇڭا تۈركىيەگە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغانلار تۇنجى يىلدا ئوقۇش ۋە تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەييارلىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.
2.بۇ ئوقۇشقا مەسلىھەت بېرىشتە ۋە كىرەكلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلىنمايدۇ.
بىز پەقەت ئەڭ ياخشى ئوقۇغان ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ۋە تاتار ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، تۈركىيەدە ئوقۇشىغا يول كۆرسەتكۈچىمىز ۋە سىزنىڭ ماتېرىيالىڭىزنى كۆرۈپ ، ھەقىقەتەن لاياقەتلىك بولسا، تۈركىيەنىڭ ئالاقدار ئورگانلىرىغا ئەۋەتىپ، سىزنىڭ بۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم قىلغۇچىمىز.
تۈركىيە تىل، دىن ۋە مەدىنىيەت جەھەتتە، ئۇيغۇر، ئۆزبەك ۋە تاتارلار ئۈچۈن يات بىر ماكان ئەمەستۇر. تۈرك تىلى ئۇيغۇر، ئۆزبەك ۋە تاتار تىلىغا 70% تامامەن ئوخشاش بولۇپ قېرىنداش تىلدۇر.تۈركىيەدە ئوقۇسىڭىز، نۇرغۇن پەننى بىلىم ئىگەللەپلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇش ۋە مەدىنىيەت جەھەتتە سىزگە كىرەكلىك بىلىملەرگىمۇ ئىگە بولالايسىز.
4.تۈركىيەدە ئوقۇش پۈتۈنلەي قانۇنلۇق بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ھەمكارلىقى ئاستىدا ، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىيەت جەھەتتە بىرلىكتە گۈللىنىشنى نىشان قىلغان.
تۈركىيەدە، ئوقۇشتىن سىرىت تەتىل كۈنلىرىدە خەنزۇچە ــ تۈركچە تەرجىمانلىق قىلىپ، تۇرمۇش پۇلى ۋە تەتىلدە ۋەتەنگە بېرىپ-كېلىش خىراجىتىنىمۇ تاپالايسىز. ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا ئۇتۇق تىلەيمىز.

# تۈركىيە

تۈركىيە توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق ئۇچۇر ۋە بىلىمگە ئىگە بولاي دىسىڭىز، تۆۋەندىكى تور بېتىنى زىيارەت قىلىڭ!

http://en.wikipedia.org/wiki/Turkey

http://www.tourismturkey.org/

**بۇ ئىنگلىزچە تور بېتىدىن تۈركىيە مەدىنىيەت-سەنئىتى، تارىخى ۋە ساياھەت جەھەتلەردىكى تېخىمۇ مول ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيسىز!**

## تۈركىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تور بەت ئادرىسى:

http://web.inonu.edu.tr/~hturkay/universite.htm

## تۈركىيەدىكى ئەڭ داڭلىق 10 ئالىي مەكتەپلەر

**1.ئوتتۇرا شەرق تېخنىكا بىلىگيۇرتى ، ئەنقەرەدە**
Orta Doğu Teknik Üniversitesi

http://www.metu.edu.tr/
http://www.odtu.edu.tr/

**2.بۇغاز ئىچى بىلىگيۇرتى ، ئىستانبۇلدا**
Boğaziçi Üniversitesi

http://www.boun.edu.tr./index_eng.html
http://www.boun.edu.tr./

**3.ئىستانبۇل تېخنىكا بىلىگيۇرتى ، ئىستانبۇلدا**
İstanbul Teknik Üniversitesi

http://www.itu.edu.tr/e/
http://www.itu.edu.tr/

**4.بىلكەنت بىلىگيۇرتى، ئەنقەرەدە**
Bilkent Üniversitesi

http://www.bilkent.edu.tr./
http://www.bilkent.edu.tr/bilkent-tr/index.html

**5.هاجتەپە بلىگیۆرتی، ئەنقەرەدە**

Hacettepe Üniversitesi

http://www.hun.edu.tr/english/
http://www.hun.edu.tr/

**6.ئستانبۆل بلىگیۆرتی، ئستانبۆلدا**

İstanbul Üniversitesi

http://www.istanbul.edu.tr/english/
http://www.istanbul.edu.tr/

**7.یلدىز تێخنکا بلىگیۆرتی، ئستانبۆلدا**

Yıldız Teknik Üniversitesi

http://www.yildiz.edu.tr/english/index2.php
http://www.ytu.edu.tr/

**8.مارمارا بلىگیۆرتی، ئستانبۆلدا**

Marmara Üniversitesi

http://www.marmara.edu.tr/index_en.php
http://www.marmara.edu.tr/

**9.ئەنقەرە بلىگیۆرتی، ئەنقەرەدە**

Ankara Üniversitesi

http://www.ankara.edu.tr/english/
http://www.ankara.edu.tr/

**10.غازی بلىگیۆرتی، ئەنقەرەدە**

Gazi Üniversitesi

http://www.gazi.edu.tr/english/indexeng.php
http://www.gazi.edu.tr/

يۇقىرىقىلار تۈركىيەنىڭ ئالدىنقى 10 داڭلىق ئالىي مەكتەپلىرى بولۇپ، ئالدىنقى بەش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشنى ئاساسەن ئىنگلىزتىلىدا ئېلىپ بارىدۇ. ئەڭ ياخشى ئوقۇغان ئۇيغۇر، ئۆزبەك ۋە تاتار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۈركىيەدە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز!
پۇرسەت _ غەنىمەت، قاچۇرۇپ قويماڭ، سىزگە ئۇتۇق يار بولسۇن!
ياراتقۇچى ئاللاھتىن سىزگە ئۆمۈرلۈك غەلبە ۋە بەخت تىلەيمىز!!!...